# «شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسى توغرىسىدىكى بايانلىرىدىن ئۈزۈندە» نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«بايانلاردىن ئۈزۈندە» جەمئىي ئون مەخسۇس تېمىغا بۆلۈنگەن: پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ نوپۇزىنى قوغداشنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيەنىڭ تاشقى ئىشلار خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىش؛ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى بۇرچ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە چوڭ دۆلەت دىپلوماتىيەسىنى ئالغا سىلجىتىش؛ دۇنيا تىنچلىقىنى قوغداش، ئورتاق تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىنسانىيەت تەقدىرى ئورتاق گەۋدىسى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش؛ جۇڭگوچە سوتسىيالىزمنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، ئىستراتېگىيە جەھەتتىكى ئۆزىگە ئىشىنىشنى كۈچەيتىش؛ ئورتاق كېڭىشىش، ئورتاق قۇرۇش، ئورتاق بەھرىلىنىشنى پرىنسىپ قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولۇش؛ ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىشنى ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، تىنچ تەرەققىيات يولىدا مېڭىش؛ دىپلوماتىيە ئورۇنلاشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى تىرەك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ھەمراھلىق مۇناسىۋىتىنى بەرپا قىلىش؛ ئادىللىق، ھەققانىيلىق ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يەر شارىۋى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ئىسلاھاتىغا يېتەكچىلىك قىلىش؛ دۆلەتنىڭ يادرولۇق مەنپەئەتىنى تۈۋەن چەك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، دۆلەتنىڭ ئىگىلىك ھوقۇقى، خەۋپسىزلىكى، تەرەققىيات مەنپەئىتىنى قوغداش؛ تاشقى ئىشلار خىزمىتىدىكى ئېسىل ئەنئەنىسى بىلەن دەۋر ئالاھىدىلىكىنى ئۆزئارا بىرلەشتۈرۈشنى يۆنىلىش قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگو دىپلوماتىيەسىنىڭ ئۆزگىچە ئۇسلۇبىنى يارىتىش. كىتابقا 504 ئابزاس بايان كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، بۇلار باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 2012 ـ يىلى 12 ـ ئايدىن 2019 ـ يىلى 11 ـ ئايغىچە بولغان مەزگىلدىكى سۆزى، سۆھبىتى، دوكلاتى، نۇتقى، ماقالىسى، تەبرىك خېتى قاتارلىق 190 پارچىدىن كۆپ مۇھىم ھۆججەتتىن ئېلىنغان. بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر قىسىم بايانلار تۇنجى قېتىم ئاشكارا ئېلان قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ كۈچلۈك يېتەكچىلىكىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشنى چۆرىدەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىكىدە، نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، پارتىيە قۇرۇلۇشى يېتەكچىلىكىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، سۈپەتنى ئۆستۈرۈپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىپ، سىستېما بويىچە بىرلىشىپ ھەرىكەتكە كېلىشنى كۈچەيتىپ، مەخسۇس كېڭەشتە ئاپپاراتلىق رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش ۋە ئورتاق تونۇشنى مۇجەسسەملەش جەھەتتە قوش يۆنىلىشكە كۈچەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات، ئىسلاھاتتىن ئىبارەت تۈرلۈك ئىشلىرىنى ئالغا سىلجىتىش ئۈچۈن مۇھىم تۆھپە قوشتى.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 2020 ـ يىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىلىدىغان ۋە «13 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلان مۇۋەپپەقىيەتلىك تاماملىنىدىغان يىل، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىش، بىرىنچى 100 يىللىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىنىدىغان يىل. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش تەشكىلاتلىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ 19 ـ قۇرۇلتىيى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 2 ـ، 3 ـ، 4 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ شىنجاڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزى ۋە مۇھىم يوليورۇقلىرىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىنى كۈچەيتىش ۋە ياخشىلاش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەشنىڭ ئاساسىي ئوقى قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا مۇلازىمەت قىلىشنى خىزمەتلەرنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشنى مەركىزىي ھالقا قىلىپ، ئىتتىپاقلىق ۋە دېموكراتىيەدىن ئىبارەت ئىككى چوڭ باش تېمىدا چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي جەھەتتە كېڭىشىش، دېموكراتىك نازارەت قىلىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىغا قاتنىشىش، ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىش سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، ئورتاق تونۇشنى تېخىمۇ ياخشى مۇجەسسەملەپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى خىزمىتىگە بولغان تەلەپلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەيدىغان سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەققىي زىممىگە ئېلىپ، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، ئالغا باسقان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇش ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك.

نۇرلان ئەبىلمەجىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەشلەر، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى بۇرچ، ۋەزىپىنى بېكىتىپ، بىرلىك سەپنىڭ تەشكىللەش ئىقتىدارىنى يەنىمۇ كۈچەيتىش ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىكى قۇدرەتلىك كۈچنى مۇجەسسەملەپ، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى تۈزۈمىنىڭ تېخىمۇ پىششىپ يېتىلىشى، تېخىمۇ تۇراقلىششىغا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىلغارلىقىنى نامايان قىلىپ، مەخسۇس كېڭەش ئاپپاراتىنىڭ دۆلەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇش ئارقىلىق سوتسىيالىستىك كېڭىشىش دېموكراتىيەسىنىڭ ئۆزگىچە ئەۋزەللىكىنى نامايان قىلىپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن كىشىلەر قەلبىنى مۇجەسسەملىشى، كۈچ قوشۇشى، بىرىكمە كۈچنى ئاشۇرۇشى كېرەك.

مۇتەللىپ ئۇبۇل سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ھاۋالىسى بىلەن، يىغىنغا سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالىدىن دوكلات بەردى. بىر يىلدىن بۇيان، كەڭ سىياسىي كېڭەش ئەزالىرى، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەرقايسى مەخسۇس كومىتېتلار 758 پارچە تەكلىپ بەرگەن، تەكشۈرۈش ئارقىلىق 540 تەكلىپ تۇرغۇزۇلغان، بېجىرىشكە تاپشۇرۇلغان بارلىق تەكلىپلەرنىڭ ھەممىسىگە بېجىرىلىپ جاۋاب قايتۇرۇلغان، جاۋاب قايتۇرۇلۇش نىسبىتى %100 بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى، ھۆكۈمەت، بىڭتۈەندىكى رەھبىرىي يولداشلار، ئاپتونوم رايوندىكى دەم ئېلىشقا، پېنسىيەگە چىققان مۇئاۋىن ئۆلكە دەرىجىلىكتىن يۇقىرى بىر قىسىم پېشقەدەم يولداشلار قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

**پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز ياۋ تۇڭ، جاۋ جىيۈن، ۋاڭ شىگرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى 1 ـ قېتىملىق يىغىن ئۆتكۈزدى.

يىغىنغا قاتنىشىشقا تېگىشلىك كىشى 57، ئەمەلىي قاتناشقان كىشى 42 بولۇپ، قاتناشقانلارنىڭ سانى قانۇندا بەلگىلەنگەن ئادەم سانىغا ئۇيغۇن.

يىغىندا چېن چۈەنگو، شاۋكەت ئىمىن، جۇ خەيلۇن، لى شۆجۈن، ۋاڭ يۇڭمىڭ، مۇتەللىپ قاسىم، دۇڭ شىنگۇاڭ، بادەي، گۈلشات ئابدۇقادىر، مانەن زەينەل، سو يۈ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ دائىمىي رەئىسلىكىگە سايلاندى.

يىغىندا ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپى ئاۋازغا قويۇلۇپ ماقۇللاندى. يىغىننىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، بۇ قېتىمقى يىغىن 1 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئېچىلىدۇ، 1 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن يېپىلىدۇ، يىغىن ۋاقتى بەش كۈن. يىغىندا يىغىن ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئىجرائىيە رەئىسى سايلاپ چىقىلدى؛ يىغىننىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپلىرى ئاۋازغا قويۇلۇپ قارار قىلىندى؛ ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپ لايىھەلىرىنى ئاۋازغا قويۇش چارىسى ئاۋازغا قويۇلۇپ قارار قىلىندى. يىغىندا ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپ بېرىش ۋاقتىنى 1 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى سائەت 18دە ئاخىرلاشتۇرۇش قارار قىلىندى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى داغدۇغىلىق تەبرىكلىدى، «ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى چوڭقۇر قانات يايدۇردى، مۇقىملىق، تەرەققىياتتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەردە يېڭى ئىلگىرىلەشلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. كۆزنى چاقنىتىدىغان ھەربىر نەتىجىگە ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەقىل ـ پاراستى ۋە كۈچى مۇجەسسەملەنگەن.

ئۆتكەن بىر يىلدا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدىكى مۇھىم ئىدىيەسىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوننىڭ مۇقىملىق، تەرەققىيات جەھەتتىكى ۋەزىيىتىنى زىچ چۆرىدەپ، ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلاردا يۈكلەنگەن ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىپ، يېڭى دەۋردىكى نىزام چىقىرىش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، قانۇن بويىچە خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ نازارەت قىلىش ۋەزىپە ـ مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، ھەرقايسى تەرەپلەردىكى خىزمەتلەردە ئاجايىپ نەتىجە ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى، بولۇپمۇ ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۇنجى قېتىم ئېچىۋېتىش كۈنى پائالىيىتى ئۆتكۈزۈپ، پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا تەرتىپلىك قاتنىشىشىنى كېڭەيتتى؛ تۇنجى قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللەر دەرسخانىسى تەسىس قىلدى؛ تۇنجى قېتىم خەلق قۇرۇلتىيى يىغىنى، دائىمىي كومىتېت يىغىنى مەزگىلىدە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىپىگە نەق مەيداندا جاۋاب بېرىپ، ۋەكىللەرنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئادا قىلىش يېڭى مېخانىزمى ئۈستىدە پائال ئىزدىنىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى خىزمىتىدە نۇرغۇن يېڭى يارقىن نۇقتىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. ئەمەلىيەت شۇنى تولۇق ئىسپاتلىدىكى، خەلق قۇرۇلتىيى تۈزۈمى خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتقان، خەلقنىڭ خەلق قۇرۇلتىيى ئارقىلىق دۆلەت ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشنى قوللايدىغان ۋە كاپالەتلەندۈرىدىغان، خەلقنىڭ ئۆزىگە ئۆزى ئىگە بولۇشنىڭ سىياسىي تۈزۈم ۋە جەمئىيەت تۈزۈمىدە كونكرېت، رېئال ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلالايدىغان، دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن كېلىدىغان ياخشى تۈزۈم بولۇپ، ئۇ قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچ ۋە ئەۋزەللىككە ئىگە.

2020 ـ يىلى ئابىدىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە بىر يىل، مىڭ يىللاردىن بۇيان جۇڭخۇا مىللىتىنى قىيناپ كەلگەن مۇتلەق نامراتلىق مەسىلىسىگە تارىخىي خاراكتېرلىك خاتىمە بېرىلىدۇ، ۋەتەن چوڭ ئائىلىسىدىكى شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئامما پۈتۈن مەملىكەت خەلقى بىلەن بىرلىكتە ماس قەدەمدە ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەتكە قەدەم قويىدۇ، بىز تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ساداسىنى ئاڭلاشقا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئارزۇسىغا ئىنكاس قايتۇرۇشقا، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ كۈچىنى مۇجەسسەملەشكە ھەرقانداق چاغدىكىدىنمۇ بەكرەك موھتاج. يېڭى ۋەزىيەت، يېڭى ۋەزىپە ئالدىدا، ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ مەسئۇلىيىتى ئېغىر، زور، بۇرچى شەرەپلىك، تۈزۈمنىڭ ھاياتىي كۈچىنى ئۈزلۈكسىز ئۇرغۇتۇپ، ۋەكىللەرنىڭ خەلق ئارىسىدىن كېلىش، خەلق ئارىسىدا يىلتىز تارتىشتەك ئەۋزەللىكىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، ھەرقايسى قاتلام، ھەرقايسى ساھەلەردە پۇقرالارنىڭ سىياسىيغا تەرتىپلىك قاتنىشىشىنى كېڭەيتىپ، تېخىمۇ كەڭ دائىرىلىك، تېخىمۇ تولۇق، تېخىمۇ تاكامۇللاشقان خەلق دېموكراتىيەسىنى راۋاجلاندۇرۇپ، «ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنى خەلق ئېتىراپ قىلىدىغان، تارىخنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلەيدىغان قىلىپ»، شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقى، تەرەققىياتىدىكى تۈرلۈك ئىشلارنى كۈچلۈك سىياسىي كاپالەت بىلەن تەمىنلىشىمىز كېرەك.

بوران ـ چاپقۇن ئالدىدا غەيرەتلىك بولۇپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، شانلىق سەھىپە پۈتەيلى. بىز شۇنىڭغا قەتئىي ئىشىنىمىزكى، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ يېتەكلىشىدە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى چوقۇم ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئەقىل ـ پاراستىنى تولۇق مۇجەسسەملەپ، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلقنىڭ ئارزۇسىنى تولۇق ئەكس ئەتتۈرۈپ، بۇ قېتىمقى يىغىننى دېموكراتىك، ئىتتىپاق، ئەمەلىيەتچىل، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەيدىغان يىغىن قىلىپ ئېچىپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش، ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن قۇدرەتلىك ئاكتىپ كۈچ مۇجەسسەملەيدۇ.

يىغىننىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا تىلەكداشمىز.

---

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستى دائىمىي رەئىسلىرىنىڭ ئىسملىكى

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

(11 نەپەر)

چېن چۈەنگو شاۋكەت ئىمىن (ئۇيغۇر) جۇ خەيلۇن لى شۆجۈن ۋاڭ يۇڭمىڭ مۇتەللىپ قاسىم (ئۇيغۇر) دۇڭ شىنگۇاڭ بادەي (موڭغۇل) گۈلشات ئابدۇقادىر (ئايال، ئۇيغۇر) مانەن زەينەل (قازاق) سو يۈ (خۇيزۇ)

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىدىكىلەر ۋە باش كاتىپنىڭ ئىسملىكى

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

(57 نەپەر، فامىلە خەت سىزىقىنىڭ ئاز ـ كۆپلۈك تەرتىپى بويىچە تىزىلدى)

مانەن زەينەل (قازاق) ۋاڭ يۇڭمىڭ ۋاڭ جۈنجېڭ ۋاڭ گوخې ۋاڭ رۇيچېڭ (شىبە) كەبانۇ سىتقەدەم (ئايال، تاجىك) قەيسەرجان (ئۇيغۇر) نيۇ شۆشىڭ كۇڭ شىڭلۇڭ بادەي (موڭغۇل) ئەخمەت تۇرسۇن (ئۇيغۇر) گۈلشات ئابدۇقادىر (ئايال، ئۇيغۇر) بۇرماقان مولدۇ (ئايال، قىرغىز) تيەن ۋېن (ئايال) جېلىل ئابدۇۋەلى (ئۇيغۇر) جۇ خەيلۇن ئېلدوس مۇرات (تاتار) ليۇ ۋەنلۇڭ ليۇ جيەنمىڭ مىرشات مەخسۇت (ئۆزبېك) ئەن جېڭيۇ سۈن جىنلۇڭ رۇقىيەم مەتسەيدى (ئايال، ئۇيغۇر) مەمەتئەيسا مەمەتئۆمەر (قىرغىز) خىزىركەلدى ئابدۇراخمان (قازاق) لى گاڭ لى ۋېي لى نىڭپىڭ لى چېڭخۇي لى شۆجۈن لى پېڭشىن ياڭ فاسىن ئۆمەرجان ئېبلى (ئۇيغۇر) شاۋكەت ئىمىن (ئۇيغۇر) چيۇ شۇخۇا (ئايال) قۇربان نىياز (ئۇيغۇر) سارقىت ئاقان (قازاق) جاڭ يەن جاڭ ۋېنشېڭ جاڭ شيۇچېڭ جاڭ خەيتاۋ ئايگۈل ياقۇپ (ئايال، ئۇيغۇر) ئاينۇر مەخسەت (ئايال، ئۇيغۇر) چېن چۈەنگو نۇرلان ئەبىلمەجىن (قازاق) ملڭ ۋېنجۈن (داغۇر) قەيسەر ئابدۇكېرىم (ئۇيغۇر) جاۋ تيەنجيې جاۋ ۋېنچۈەن دۇ خۇڭيەن سو يۈ (خۇيزۇ) شۇ خەيرۇڭ گو شياۋمېي (ئايال، رۇس) دۇڭ شىنگۇاڭ دۇ ۋەنگۇي شۆ بىن مۇتەللىپ قاسىم (ئۇيغۇر)

**باش كاتىپ:** ۋاڭ يۇڭمىڭ

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى مۇئاۋىن باش كاتىپلىرىنىڭ ئىسملىكى

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنى ھەيئەت رىياستىنىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

(10 نەپەر)

ليۇ جيەنشىن تۇرسۇنجان ئەلى (ئۇيغۇر) جياڭ شىنجۈن ليۇ خۇيجۈن سۇڭ لى كۆرەش تۇرسۇن (ئۇيغۇر) ۋاڭ شىنبو نيۇ شۆشىڭ جاڭ شيۇچېڭ جاڭ جۈن

## شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەييارلىق يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

2. ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلان لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش

ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات پىلانىنى تەستىقلاش

3. ئاپتونوم رايوننىڭ 2019 ـ يىللىق خامچوتىنىڭ ئىجرا قىلىنىش ئەھۋالى ھەم ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق خامچوت لايىھەسى توغرىسىدىكى دوكلاتنى تەكشۈرۈش ۋە تەستىقلاش

ئاپتونوم رايوننىڭ 2020 ـ يىللىق شۇ دەرىجىلىك خامچوتىنى تەستىقلاش

4. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

5. ئاپتونوم رايونلۇق يۇقىرى خەلق سوت مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

6. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

7. باشقىلار

## جۇڭگو خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ قارالمىسى

(2020 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 5 ـ كۈنى سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتىنىڭ 3 ـ يىغىنىدا ماقۇللاندى)

1. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

2. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 2 ـ يىغىنىدىن بۇيانقى تەكلىپ خىزمىتى ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى ئاڭلاش ۋە قاراپ چىقىش

3. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 13 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 3 ـ يىغىنىغا سىرتتىن قاتنىشىش، ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلاتنى ئاڭلاش ھەم مۇزاكىرە قىلىش، باشقا ئالاقىدار دوكلاتلارنى مۇزاكىرە قىلىش

4. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ دائىمىي كومىتېتنىڭ خىزمەت دوكلاتى توغرىسىدىكى قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش

5. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى تەكلىپ كومىتېتىنىڭ سىياسىي كېڭەش ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ تەكلىپلىرىنى تەكشۈرۈش ئەھۋالى توغرىسىدىكى دوكلاتىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش

6. سىياسىي كېڭەش شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق 12 ـ نۆۋەتلىك كومىتېتى 3 ـ يىغىنىنىڭ سىياسىي قارارىنى قاراپ چىقىپ ماقۇللاش